# مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتى

(بېشى 5 ـ بەتتە)

ئالاقىدار قانۇن چىقىرىشنى تېز ئىلگىرى سۈرىمىز. تەيۋەنگە قارىتىلغان خىزمەتنىڭ مۇھىم سىياسەت، فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، بىر جۇڭگو پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، «تەيۋەن مۇستەقىللىقى» بۆلگۈنچى كۈچلىرىگە قەتئىي قارشى تۇرۇپ ۋە ئۇنى توسۇپ، «92 ـ يىل ئورتاق تونۇشى» ئاساسىدا ئىككى قىرغاق مۇناسىۋىتىنىڭ تىنچ تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىمىز.

**(2) مۇھىم ساھەلەردە قانۇن چىقىرىشنى كۈچەيتىش.** بۇ يىللىق قانۇن چىقىرىش خىزمەت ۋەزىپىسى ئىنتايىن ئېغىر، سۈپەت بىلەن ئۈنۈمنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى ئىگىلەپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ قانۇن چىقىرىش خىزمىتىدىكى يېتەكچىلىك رولىنى تېخىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ئىنچىكىلىكى، توغرىلىقى ۋە قاراتمىلىقىنى ئۆستۈرۈشكە كۈچ سەرپ قىلىپ، تەرتىپكە قويۇلغانلىرىنىڭ تولۇق پۈتتۈرۈلۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز. يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى چۆرىدەپ، چاڭجياڭ دەرياسىنى قوغداش قانۇنى، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئىلگىرى سۈرۈش قانۇنى، زاكاز مال قانۇنى، خەينەن ئەركىن سودا پورتى قانۇنى تۈزىمىز، پاتېنت قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزىمىز. خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، ئاممىۋى سەھىيە ساھەسىدە قانۇن چىقىرىشنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ھايۋانات يۇقۇم مۇداپىئەسى قانۇنى، ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش قانۇنى، دۆلەت چېگراسى سەھىيە كارانتىن قانۇنى، تاسادىپىي ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش قانۇنى، كەسپىي مائارىپ قانۇنىغا تۈزىتىش كىرگۈزىمىز، ئىجتىمائىي پاناھلاندۇرۇش قانۇنى، ھەربىيدىن چېكىنگەنلەرنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى قاتارلىقلارنى تۈزىمىز. دۆلەت خەۋپسىزلىكى ۋە جەمئىيەتنى ئىدارە قىلىشنى چۆرىدەپ، جانلىقلار بىخەتەرلىكى قانۇنى، شەخسىي ئۇچۇرنى قوغداش قانۇنى، سانلىق مەلۇمات بىخەتەرلىكى قانۇنى تۈزىمىز، جىنايى ئىشلار قانۇنىنىڭ تۈزىتىلمىسى (11)نى ماقۇللايمىز، مەمۇرىي جازا قانۇنى، مەمۇرىي قايتا قاراپ چىقىش قانۇنى، ئامانلىق باشقۇرۇش جازا قانۇنى، خەلق قوراللىق ساقچىلىرى قانۇنى قاتارلىقلارغا تۈزىتىش كىرگۈزىمىز. دۆلەتنىمىزنىڭ قانۇن دائىرىسى سىرتىدا تەتبىقلىنىدىغان قانۇن سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىشنى چۆرىدەپ، ئېكسپورتنى باشقۇرۇش قانۇنى تۈزىمىز، پۇل يۇيۇشقا قارشى تۇرۇش قانۇنى، خەلق بانكىسى قانۇنى، سودا بانكىسى قانۇنى، سۇغۇرتا قانۇنى قاتارلىقلارغا تۈزىتىش كىرگۈزىمىز. خەلقنىڭ ئۆز ئىشىغا ئۆزى ئىگە بولۇش تۈزۈمى سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى ۋە ئىش قائىدىسى، سايلام قانۇنى، دۆلەت بايرىقى قانۇنى قاتارلىقلارغا تۈزىتىش كىرگۈزىمىز. ھەق تەلەپ قانۇن دەستۇرىنى تەشۋىق قىلىش، يولغا قويۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ھوقۇق بېرىش قارارى ۋە ئىسلاھات قارارى قاتارلىق ئالاقىدار قانۇن چىقىرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بېكىتكەن مۇھىم قانۇن چىقىرىش ۋەزىپىسىنى ۋە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك قانۇن چىقىرىش ۋەزىپىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئورۇنداشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز.

**(3) نازارەتچىلىك خىزمىتىنى قانۇن بويىچە ياخشى ئىشلەش.** نازارەتچىلىك تۈزۈمى ۋە مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ئۈنۈملۈك يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىمىز. دىققەتنى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مۇھىم خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، 29 نازارەتچىلىك تۈرىنى ئالدىن ئورۇنلاشتۇردۇق. ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىنى كاپالەتلەندۈرۈش» ۋەزىپىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چۆرىدەپ، يېڭىلىق يارىتىش تۈرتكىلىكىدىكى تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە دائىر 16 ئالاقىدار خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاپ ۋە قاراپ چىقىپ، خامچوت، نەق چوتنى تەكشۈرۈش ـ نازارەت قىلىش ۋە دۆلەت مۈلكىنى باشقۇرۇش ـ نازارەت قىلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىمىز. دائىمىي كومىتېتنىڭ ئالاقىدار قارارلىرىنىڭ ۋە ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش قانۇنى، تۇپراق بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش قانۇنى، خەيرىيەت قانۇنى، ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى، ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش قانۇنى، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ماشىنىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش قانۇنى قاتارلىق ئالتە قانۇننىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى تەكشۈرىمىز. تۇپراق بۇلغىنىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەپتىشتە بايقالغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ئەھۋالىنى چۆرىدەپ، مەخسۇس سۈرۈشتۈرۈشنى قانات يايدۇرىمىز. 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلان پروگراممىسىنى تۈزۈش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش ۋە ئىجتىمائىي سۇغۇرتا تۈزۈمى ئىسلاھاتى قاتارلىقلارنى چۆرىدەپ، بەش تۈرلۈك مەخسۇس تېمىدا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قانات يايدۇرىمىز. بۇ يىل، دۆلىتىمىزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار ئىشلىرى جەزمەن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ۋە ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ شانلىق سەھىپىسىگە خاتىرىلىنىدۇ. دائىمىي كومىتېت بۇ زور ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا نازارەتچىلىك خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، بىرىنچى 100 يىللىق كۆرەش نىشانىنىڭ قەرەلىدە ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپىسىنى قوشىدۇ.

**(4) ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيەتنى قانۇن بويىچە ئادا قىلىشىنى قوللاش.** ۋەكىللەر ئالاقىلىشىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى كونكرېت تەدبىرلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دائىمىي كومىتېتنىڭ ۋەكىللەر بىلەن، ۋەكىللەرنىڭ خەلق ئاممىسى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى قويۇقلاشتۇرىمىز. ۋەكىللەرنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي سەۋىيەسى ۋە مەسئۇلىيەت ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىمىز. ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ ـ تەۋسىيەلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش، بېجىرىش، ئىنكاس قايتۇرۇش ھالقىلىرىدىكى خىزمەتلەرنى ياخشىلاپ، ۋەكىللەرنىڭ تەۋسىيەلىرىگە جاۋاب قايتۇرۇش ۋە ئۇنى ھەل قىلىشقا ۋەدە بېرىش مېخانىزمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىز قوغلاپ نازارەت قىلىشنى چىڭ تۇتىمىز. ۋەكىللەرنىڭ دائىمىي كومىتېت، مەخسۇس كومىتېتلار، خىزمەت كومىتېتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە قاتنىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ۋەكىللەر ئوتتۇرىغا قويغان پىكىر، تەۋسىيەلەرنى ئەستايىدىل ئاڭلايمىز ۋە قوبۇل قىلىمىز. ۋەكىللەر كۆزدىن كەچۈرۈش، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش قاتارلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش ياخشى ئىشلەپ، ۋەكىللەرنىڭ ئۆگىنىشى ۋە تەربىيەلىنىشىنىڭ قاراتمىلىقى ۋە ئۈنۈمىنى ئاشۇرىمىز. ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشىنى ئۆچۈرلاشتۇرۇش سۈپىتى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىمىز.

**(5) تاشقى خىزمەتنى پائال قانات يايدۇرۇش.** خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ تاشقى ئالاقە جەھەتتىكى ئۆزگىچە ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ دىپلوماتىيە ئومۇمىيىتىگە مۇلازىمەت قىلىمىز. يۇقىرى قاتلامدىكىلەرنىڭ ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، مەخسۇس كومىتېتلار، دوستلۇق گۇرۇپپىلىرى ۋە خىزمەت ئاپپاراتلىرىنىڭ تاشقى ئالاقىدىكى رولىنى جارى قىلدۇرىمىز. مېخانىزملىق ئالاقىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، پارلامېنتلار ئارا كۆپ تەرەپلىك ھەمكارلىققا پائال قاتنىشىپ، ئاممىۋى سەھىيە ساھەسىگە دائىر قانۇن چىقىرىش ئالاقىسىنى كۈچەيتىپ، دۆلەتلەر مۇناسىۋىتىنىڭ تەرەققىياتى ۋە ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئەمەلىي ھەمكارلىقىنى ئىلگىرى سۈرىمىز.

**(6) دائىمىي كومىتېتنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش.** «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنۇتماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنىڭ نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەپ ۋە چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىمىز ۋە ئىزچىللاشتۇرىمىز. مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسى ۋە ئۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، خىزمەت ئۇسلۇبىنى ياخشىلاپ، ئاما بىلەن زىچ ئالاقە باغلاپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرىمىز. ئىش تەرتىپى ۋە خىزمەت مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز. خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى ئۈستىدىكى نەزەرىيە تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ ئاخبارات، ئاممىۋى پىكىر خىزمىتىنى ياخشىلايمىز. مەخسۇس كومىتېتلارنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىمىز. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ئورگىنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىمىز. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ مۇھىم سىياسەت ـ فاڭجېنلىرى ۋە تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش ۋە ئىزچىللاشتۇرۇشنى چۆرىدەپ، يەرلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىنىڭ بىر پۈتۈن ئۈنۈمىنى ئاشۇرىمىز.

ۋەكىللەر!

ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئالدىدا تۇرۇۋاتىمىز، مىللەتنىڭ گۈللىنىش پارلاق ئىستىقبالى كىشىنى ئالغا بېسىشقا ئىلھاملاندۇرىدۇ. يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، بىر نىيەتتە كېلىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي ئىشلەپ، مۇھىم تاپشۇرۇقنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، «ئىككى 100 يىل»لىق كۆرەش نىشانىنى، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يولىدا تىرىشىپ كۆرەش قىلايلى!

**(تەرجىمىسى 13 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى كاتىبات باشقارمىسى تەمىنلىگەن)**

# تەرەققىياتتىن ئىبارەت بۇ «باش ئاچقۇچ»نى تۇتۇش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يول بىر قەدەم بىر قەدەم مېڭىشتىن شەكىللەنگەن. ئالتە يىلدىن بۇيان، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھات زور كۈچ بىلەن ئالغا سىلجىتىلىپ، «ئۈچنى تۆگىتىش، بىرنى تۆۋەنلىتىش، بىرنى تولۇقلاش»نى سىجىل ئالغا سىلجىتىش جەريانىدا، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىش قەدىمى سىجىل تېزلىتىلدى. ئاشلىقنى مۇقىملاشتۇرۇش، كېۋەزنى ئەلالاشتۇرۇش، چارۋىچىلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، باغۋەنچىلىكنى كۈچەيتىش، خاس كەسپلەرنى گۈللەندۈرۈش فاڭجېنى يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئۇنۇمدارلىقى، ئۈنۈمى ۋە رىقابەت كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى؛ نۇقتىلىق ئەۋزەل تۈرلەردە يەن ـ تېخنىكىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۇدا بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەش قولغا كەلتۈرۈلۈپ، زامانىۋى سانائەت سىستېمىسى ئۈزلۈكسىز شەكىللەندى؛ 3 ـ كەسىپنىڭ نىسبىتى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئىقتىسادىنىڭ ئېشىشىغا تۈرتكە بولىدىغان تۆگمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندى.

تەرەققىياتتا ئادەم ئاساس قىلىنىپ، ئاما ئەمەلىي نەپكە ئېرىشتى. خوتەن ۋىلايىتىدە، 27 مىليارد يۈەن مەبلەغ سېلىنغان جۇڭگو ـ كۇنمىڭ خەلقئارا(ئېكولوگىيە)ئەشيا ئوبوروت پورتى تۈرى مۇددەتكە بۆلۈپ چىڭ تۇتۇپ قۇرۇلماقتا، بۇ تۈر تولۇق پۈتكەندىن كېيىن، شۇ جايدىكى 88 مىڭ ئاممىنى مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇپ، شۇ جايدىكى دېھقانلارنىڭ يىلىغا 4 مىليارد يۈەن كىرىم قىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ.

ئالتە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ باشتىن ـ ئاخىر خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، خەلقنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى كۆرەش نىشانى قىلىپ، تەرەققىياتنى خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا ئەمەلىيلەشتۈردى. 2019 ـ يىلىغىچە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە جەمئىي 2 مىليون 923 مىڭ 200 ئادەمنى نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، 3107 نامرات كەنتنى نامراتلىقتىن چېكىندۈرۈش، 25 نامرات ناھىيەنىڭ قالپىقىنى ئېلىۋېتىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، نامراتلىق يۈزلىنىش نىسبىتى 2014 ـ يىلدىكى 19.4%تىن 1.24%كە تۆۋەنلىتىلدى.

## ئېچىۋېتىش يېڭى ۋەزىيىتى بەرپا قىلىش

2013 ـ يىلى، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى تەشەببۇسى دۇنياغا كەلدى. «شىنجاڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى قۇرۇشتا تەڭداشسىز ئورۇن ۋە رولغا ئىگە، بۇ تارىخىي پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ رايون خاراكتېرلىك سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىنى دۆلەتنىڭ يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى قۇرۇلۇشى، غەربكە ئېچىۋېتىش ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىغا يۇغۇرۇشى كېرەك.» باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ يولىيورۇقى شىنجاڭنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنى تېخىمۇ كېڭەيتىپ، ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى تېخىمۇ مەزمۇت قىلدى.

ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى رايونىدا ھەركۈنى ئالدىراش مەنزىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. ھازىر، 2000 دىن ئارتۇق كارخانا ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورتى رايونىغا ماكانلاشتى.

ئۈچقاندەك ئىلگىرىلەۋاتقان چاقىقا ئەگەشىپ، شىنجاڭدا يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىلدى. بۇ يىل 3 ـ ئايغىچە، ئاپتونوم رايوندىن جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدىن جەمئىي 3268ى قاتناپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 80%تىن كۆپرەك ئاشتى. 2014 ـ يىلدىن 2019 ـ يىلغىچە، ئاپتونوم رايون بويىچە تاشقى سودا سوممىسى 129 مىليارد 690 مىليون دوللارغا يېتىپ، 190 دۆلەت ۋە رايون بىلەن ئىقتىساد ـ سودا ئالاقىسى قانات يايدۇرۇلدى.

رەقەمنىڭ كەينىدىكىسى يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايوننىڭ جۇش ئۇرۇۋاتقان ھاياتىي كۈچىدۇر. ئۈرۈمچى خەلقئارا قۇرۇقلۇق پورت رايونى، لىنكوڭ ئىقتىساد رايونى ۋە چېگرا ھالقىغان ئېلېكترونلۇق سودا سىناق رايونى قۇرۇلۇشى ئۈزلۈكسىز تېزلىتىلدى، قەشقەر، قورغاس ئىقتىسادىي تەرەققىيات رايونىنىڭ ئۇل ئەسلىھەلىرى ئۈزلۈكسىز مۇكەممەللەشتۈرۈلدى، كەسىپلەرنىڭ توپلىنىش ئىقتىدارى پۇختا قەدەم بىلەن ئۆستۈرۈلدى. ئالتە يىلدىن بۇيان، شىنجاڭ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش، نۇقتىلىق بۆسۈش ھاسىل قىلىش پىكىر يولىدا چىڭ تۇرۇپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىنىڭ چوڭقۇرلىشىپ، پۇختا بولۇپ، پۇختا قەدەم بىلەن ئىراققا يۈرۈش قىلىشىغا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولدى.

دۆلەت دەرۋازىسىنىڭ غەرب تەرىپىدە، بارغانسېرى كۆپ دۆلەت جۇڭگو شىنجاڭ تەمىنلىگەن تۈرلۈك مۇلازىمەتتىن بەھرىلەندى. بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭ چېگرا ھالقىغان يىراق مۇساپىلىك داۋالاش مۇلازىمەت سۇپىسى ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى نەچچە ئون دوختۇرخانىغا تۇتاشتۇرۇلۇپ، جۇڭگو شىنجاڭدىكى ھەرقايسى داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئەتراپتىكى دۆلەتلەرگە قارىتا دائىملاشقان يىراق مۇساپىلىك بىرلىشىپ دىياگنوز قويۇش كەسپى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئەتراپتىكى ۋە لىنىيە بويىدىكى دۆلەتلەر بىلەن داۋالاش ـ سەھىيە ساھەسىدە ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈپ ئورتاق پايدا ئېلىشى ئىلگىرى سۈرۈلدى.

قورغاس پورتىدا، قاتار ـ قاتار جۇڭگو ـ ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزلىرى خۇددى «پولات كارۋان»غا ئوخشاش، ئاسىيا ـ ياۋروپانى تۇتاشتۇرىدىغان خەلقئارا ئېچىۋېتىلگەن چوڭ يولغا قەدەم تاشلىدى؛ ئالاتاۋ پورتى «يىلدا بىر بوران چىقسا، ئەتىيازدىن قىشقىچە داۋاملىشىدىغان» ھېچنېمە ئۈنمەيدىغان جايدىن يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغىدىكى مۇھىم تۈگۈنگە ئايلاندى. شىنجاڭنىڭ رايون ئورنى، پورت ئەۋزەللىكى ئۈزلۈكسىز ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەۋزەللىكىگە ئايلانماقتا.

يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قاتناش تۈگۈنى مەركىزى، سودا ئەشيا ئوبوروت مەركىزى، رايون پۇل مۇئامىلە مەركىزى، مەدەنىيەت، پەن ـ مائارىپ مەركىزى، داۋالاش مۇلازىمىتى مەركىزى قۇرۇلۇشىنىڭ پۇختا قەدەم بىلەن ئالغا سىلجىتىلىشىغا ئەگىشىپ، شىنجاڭ ئىلگىرىكى ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى «يانچۇق تېگى»دىن دۆلەتنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىشتىكى دەرۋازىسى ۋە ئالدىنقى سېپىگە، ئاخىرقى ئۇچتىن تۈگۈنگە ئايلىنىپ، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى تۈگۈن پونكىتلىق رولى، دۆلىتىمىزنىڭ غەربكە ئېچىۋېتىشتىكى مۇھىم دەرۋازىسلىق ۋە ئىستراتېگىيەلىك ئېگىزلىك رولى، ئاۋۋال يولغا قويىدىغان، ئاۋۋال سىنايدىغان، ئاۋۋال ئىسلاھ قىلىدىغان سىناق رايونلۇق رولىنى پەيدىنپەي جارى قىلدۇرماقتا.

## بازارنىڭ يېڭى ھاياتىي كۈچىنى بارلىققا كەلتۈرۈش

ئاسمىنى كۆك، يېرى يېشىل، سۈيى سۈزۈك بولدى، ئۆتكەن ئالتە يىلدا، شىنجاڭنىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ئۈزلۈكسىز ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى، شۇنىڭ بىلەن بىللە سىجىل ياخشىلىنىشقا يۈزلەنگىنى تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى كۈنسېرى ئەۋجلاشقان تىجارەت ـ سودا مۇھىتى بولدى.

ئۈرۈمچىدىكى ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلىگۈچى زۇلپىقار رەجەپ ئۈچ كۈندىلا شىركەتنىڭ تىجارەت كىنىشكىسىنى ئالدى. «بۇ، مېنىڭ مۆلچەرىمدىن زور دەرىجىدە ئېشىپ كەتتى» دېدى زۇلپىقار. سىجىل چوڭقۇرلاشتۇرۇلغان «قويۇپ بېرىش، باشقۇرۇش، مۇلازىمەت قىلىش» ئىسلاھاتى ئۈرۈمچى شەھىرىنىڭ كارخانا قۇرۇش ۋاقتىنى ئەڭ دەسلەپكى 30 كۈن ئەتراپىدىن ھازىرقى ئۈچ خىزمەت كۈنىگە قىسقارتتى.

ئاپتونوم رايوننىڭ بىر گەۋدىلەشكەن تور ھۆكۈمەت ئىشلىرى سۇپىسىنىڭ توردا ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، ھۆكۈمەت ئىشلىرى مۇلازىمىتىدە پۈتۈن جەرياننى توردا بېجىرىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش قاتارلىق ئېتىبار سىياسەتلەرمۇ تېز ئەمەلىيلەشتى، 2019 ـ يىللا بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ 26 مىليارد 290 مىليون يۈەن باج ـ ھەققى كېمەيتىلدى، كەچۈرۈم قىلىندى. تۈرلۈك سىياسەتنىڭ تۈرتكىسىدە، شىنجاڭ بازىرىنىڭ ھاياتىي كۈچى ئۈزلۈكسىز ئېشىپ، بايلىق مۇھىم ئامىللىرى ئەمەلىي ئىقتىسادقا ئۈزلۈكسىز توپلاندى. سانائەت ئىقتىسادىنىڭ ئەمەلىي كۈچى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، سودا ئەشيا ئوبوروتى، ئېلېكترونلۇق سودا ئىشلىرى، پۇل مۇئامىلە مۇلازىمىتى، ساغلاملىق ـ كۈتۈنۈش قاتارلىق زامانىۋى مۇلازىمەتچىلىك تېز تەرەققىي قىلدى، 3 ـ كەسىپنىڭ ئىقتىسادنىڭ ئېشىشىغا تۆھپە قوشۇش نىسبىتى 63.3%كە يەتتى.

2019 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى قەشقەر (يېڭىشەھەر) ـ قاغىلىق ـ قاراقاش يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيولىنىڭ 2 ـ قارارلىق قۇرۇلۇشىدا رەسمىي قاتناش باشلىنىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى بارلىق ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەر يۇقىرى سۈرئەتلىك تاشيول دەۋرىگە قەدەم قويدى. بۇنىڭدىن ئىككى ئاي ئىلگىرى، قاراماي دىن چۆچەك شەھىرىگە بارىدىغان تۆمۈريولدا قاتناش باشلىنىپ، شىنجاڭدىكى ئەڭ ئاخىرقى بىر ۋىلايەت، ئوبلاستنىڭ مەركىزىي شەھىرىگە پويىز قاتنىماسلىق تارىخىغا خاتىمە بېرىلدى. يىراق بوشلۇققا نەزەر سالساق، ئۈزلۈكسىز زىچلىشىۋاتقان بوشلۇق ئاۋىياتسىيە لىنىيەسى شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرى ئارىسىدىكى ئارىلىقنى يېقىنلاشتۇرۇپ، جۇڭگو شىنجاڭنى دۇنيا بىلەن زىچ باغلىدى.

ئۇل ئەسلىھەلەرنىڭ كۈنسېرى مۇكەممەللىشىشى، تىجارەت ـ سودا مۇھىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئەلالىشىشى بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىپ كەسىپلەرنى گۈللەندۈرۈشىگە ئىشەنچ بېغىشلىدى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىنىمۇ پۇختىلىدى. 2014 ـ يىلى شىنجاڭدا 927 مىليارد 346 مىليون يۈەن رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى ئىشقا ئاشۇرۇلدى، 2019 ـ يىلى شىنجاڭنىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 1 تىرىليون 359 مىليارد 711 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئۆزگەرمەس باھا بويىچە ھېسابلىغاندا، يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 7.7% ئاشتى.

2020 ـ يىلدىكى بۇ جاپا ـ مۇشەققەتلىك باھاردا، يۇقۇم چوڭ ئىمتىھانى ئالدىدا، شىنجاڭنىڭ 1 ـ پەسىلدىكى ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىدىن 6.6 پىرسەنت پوئېنت يۇقىرى بولۇپ، مۇقىم باشلىنىش ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، شىنجاڭ ئىقتىسادىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنىڭ كۈچلۈك ئەۋرىشىمچانلىقى نامايان قىلىندى.

مانا بۇ شىنجاڭ، ئىسلاھات ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىۋاتقان، تەرەققىيات كۈنسايىن يېڭىلىنىۋاتقان شىنجاڭ. ئالتە يىلدىن بۇيان، تيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت ئوغۇل ـ قىز پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ يېتەكچىلىكىدە دىققەتنى باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈپ، تەرەققىياتتىن ئىبارەت بۇ «باش ئاچقۇچ»نى تۇتۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولدى.